## 234379 ـ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قولىڭىز ئۆزۈلۈپ كەتسۇن دەپ دۇئا قىلغانمۇ؟

### سۇئال

مەن 16 ياشقا كىرگەن مۇسلىمە قىز، ئاللاھ تائالاغا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇنكى، شىئەلەرنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرىگە رەددىيە بىرەلەيمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا مەن رەددىيە بېرەلمەيدىغان بىر ھەدىسنى بايان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قولىڭىز ئۆزۈلۈپ كەتسۇن دەپ بەددۇئا قىلغانلىق توغرىسىدىكى ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى قانداق؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: بىر قانچە ھەدىس توپلاملىرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋەقەلىكى توغرىسىدىكى سەھىھ ئىسناد بىلەن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇسنەدتە (40/303) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلغان ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا بىر ئەسىرنى ئېلىپ كىردى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن قىلسام ئۇ چىقىپ كەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يېنىمغا كىرىپ: ئەسىر نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دىدى، مەن: ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا ئويۇن قىلساق ئۇ چىقىپ كەتتى دىدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: نىمى ئۈچۈن ئۇنداق قىلدىڭىز؟،ئاللاھ تائالا قولىڭىزنى ئۆزىۋەتسۇن! دىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چىقىپ كىشىلەرگە ئەھۋالنى بىلدۈردى، ئۇلار ئۇ ئەسىرنى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە مەن قوللىرىمنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئولتۇراتتىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: نىمە بولدى؟ نىمە قولىڭىزنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئولتۇرىسىز؟ دىدى. مەن: سىلە ماڭا دۇئا قىلدىلا، مەن قايسى قولۇم ئۆزۈلۈپ كېتىدىغاندۇ دەپ قوللىرىمغا قاراۋاتىمەن دىدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سەنا ئېيتقاندىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ: ئى ئاللاھ! مەن ئىنسان، باشقا ئىنسانلار ئاچچىقلانغاندەك ئاچچىقلىنىمەن، ھەر قانداق مۆمىن ئەر ياكى ئايال ئۈچۈن ئاچچىقلاپ دۇئا قىلغان بولسام، ئۇ دۇئانى شۇ كىشى ئۈچۈن پاكلىق ۋە رەھمەت قىلغىن، دىدى. بۇ ھەدىسنىڭ ھېچ قايسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەيىپلەيدىغان بىرەر مەنانى ئىپادىلىمەيدۇ، بۇنىڭ دەلىلى:

1ـ بۇ ۋەقەلىكتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە باشقا ھېچ بىر كىشىنى دىندا ۋە تەقۋادارلىق جەھەتتە ئەيىپلەيدىغان بىرەر سۆزنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ ۋەقەلىكنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى خەۋەر بەرگەن، بۇ پەقەت ئادەتتىكى شۇنداق بىر ۋەقە، بۇنىڭدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دىنىغا ئالاقىدار بولغان ھېچ ئىش يوق.

2–بۇ ۋەقەلىكتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارتۇقچىلىقى بايان قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھسساالام بۇ ۋەقەلىكتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسىرىگەن دۇئانىڭ ئورنىغا بىرلىدىغانرەھمەت، پەزىلەت ۋە گۇناھتىن پاك بولۇشتىن ئىبارەت مۇكاپاتنى بايان قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەرئەلەيھسساالام بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىدا: ئى ئاللاھ! مەن ئىنسان، باشقا ئىنسانلار ئاچچىقلانغاندەك ئاچچىقلىنىمەن، ھەر قانداق مۆمىن ئەر ياكى ئايال ئۈچۈن ئاچچىقلاپ دۇئا قىلغان بولسام، ئۇ دۇئانى شۇ كىشى ئۈچۈن پاكلىق ۋە رەھمەت قىلغىن، دىگەن.

3– بۇ ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچۈن چوڭ خوش–خەۋەر بايان قىلىنغان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا كامىل مۆمىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھسساالام ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: ئى ئاللاھ! ھەر قانداق مۆمىن ئەر ياكى ئايال ئۈچۈن ئاچچىقلاپ دۇئا قىلغان بولسام، ئۇ دۇئانى شۇ كىشى ئۈچۈن پاكلىق ۋە رەھمەت قىلغىن، دىگەن.

4– پەيغەمبەرئەلەيھسساالام ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ بەددۇئاغا لايىق ئەمەسلىكىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا شەرئى سەۋەپ بىلەن بەددۇئا قىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا بۇ دۇئانى پەيغەمبەرئەلەيھسساالام ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر بەددۇئادىن كىيىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ بۇ دۇئانى ئۇلار ئۈچۈن رەھمەت ۋە پاكلىق قىلىپ بىرىشىنى تىلىگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچۈن قىلىنغان بىرىنچى دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان، چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولى كېسىلمىگەن، دۇئادا بايان قىلىنغان ھىچ نەرسە بولماستىن ئاللاھ تائالا رازى بولغان ھالەتتە ۋاپات بولغان. ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلىنغان، مانا بۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىمانىنىڭ كامىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىشارەتتۇر.

بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان شۇنداق كىشىلەر باركى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەزىلىتى، ئارتۇقچىلىقى،
پەيغەمبەرئەلەيھسساالامنىڭ پەقەت پاك نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان تۇرۇغلۇق، ئۇلار ھەقىقەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاللاھدىلىكى بايان قىلىنغان مۇشۇنداق ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئىككىنچى: دىققەت قىلىش مۇھىم بولغان ئىشلاردىن، ئازغۇنلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقاندا، ئۇلارنىڭ شەكلىك پىكىرلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئۇلارغا پەقەت شەرئى ئىلىملەرنى ياخشى بىلگەن، مۇشۇنداق شۈبھىلەرگە رەددىيە بىرىشكە قادىر بولالايدىغان كىشىلەر مۇنازىرە قىلىشى كىرەك. شەرئى ئىلىمدىن تولۇق مەلۇماتى بولمىغان كىشىنىڭ ئازغۇن كىشىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە قۇلاق سىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

سەلەپ ئالىملىرىدىن بىئەتچىلەر ۋە ئازغۇن كىشىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە قۇلاق سىلىشتىن

چەكلىگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ يىشىڭىز ۋە ھازىرقى ئەھۋالىڭىز، دىنى بىلىملەرنى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىشكە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشقا بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ، بىدئەتچى ئازغۇنلاردىن يىراق بولۇڭ، ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە قۇلاق سالماڭ، سىز ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە تولۇق رەددىيە بەرگىدەك ئىلىم-مەرىپەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماڭ.

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.